# يەر شارىلىشىش ۋە مەدەنىيەتلەر دىئالوگى

دۇ ۋېيمىڭ

*ئىلاۋە: دۇ ۋېيمىڭ 1940 - يىلى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۈنمىڭ شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى ئامېرىكا فىلولوگىيە، سەنئەت ۋە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. ھازىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تارىخى بويىچە ئۆمۈرلۈك پروفېسسورى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «بۈگۈنكى كۇڭزىچىلىق ئېتىكىسى»، «ئادىمىيلىك ۋە ئۆز- ئۆزىنى تەربىيىلەش»، «كۇڭزى روھى ۋە كۇڭزى ئەنئەنىسى»، «كۇڭزى ئىدىيىسى: ئىنسان پەزىلىتىنى يارىتىش»، «كۇڭزىچىلىقنىڭ 3 - باسقۇچلۇق تەرەققىيات مەسىلىسى»، «سىنگاپوردىكى خىرىس — يېڭى كۇڭزىچىلىق ئېتىكىسى ۋە كارخانا روھى» قاتارلىقلار بار. مەزكۇر ماقالە ئاپتورنىڭ گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان «دىئالوگ ۋە يېڭىلىق يارىتىش» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2 - بابىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ 2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقى، «ئېچىۋېتىلگەن دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئاپتور خەلقئارا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئۆز مەيدانىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرى توغرا بولۇشى ناتايىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.*

بۇ يىل، يەنى 2001 - يىلى ب د ت نىڭ مەدەنىيەتلەر دىئالوگى يىلى ( Year of the Dialogue among Civilizations ). 1998 - يىلى ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى ب د ت غا 2001 - يىلىنى «مەدەنىيەتلەر دىئالوگى يىلى» قىلىپ بېكىتىش تەكلىپىنى بېرىپ، ب د ت قۇرۇلتىيىنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن. ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئاننان ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا تەشكىللەپ، مەخسۇس مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇ گۇرۇپپىدا 18 ئەزا بار، بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ۋەكىل بولۇپ، سۇڭ جيەن (جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) بىلەن مەن بار. بىز ۋېنا ، دوبورىن، قاتار قاتارلىق جايلاردا يىغىن ئاچتۇق. ئۇ 9 - ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»گە ھەپتە قالغان چاغلار ئىدى. 9 - ئاينىڭ 11 - 12 - كۈنلىرى، تازا ھالقىلىق پەيتلەردە مەن بېيجىڭدا سۇڭ جيەن ئەپەندى ب د ت نىڭ «مەدەنىيەتلەر دىئالوگى يىلى» غا ماس ھالدا تەشكىللىگەن مەدەنىيەتلەر دىئالوگى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتاتتىم. يىغىنغا يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ۋە ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلىمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى بىز قاتارنىڭ دوخادا مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنى مۇھاكىمە قىلغان چاغدىكى گېرمانىيىنىڭ سابىق زۇڭلىسى رىچارد ۋون ۋېزساكىرنىڭ ھاياجانلىق نۇتقىنى ئەسلەتتى. ئۇ سۆزىدە، ھازىر دۇنيا تىنچلىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەڭ مۇھىم سەلبىي ئامىل ئامېرىكىنىڭ ئۆز سۆزلۈكى، دېگەنىدى.

ئامېرىكا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت، ئۇ ھەمىشە ب د ت، ھەتتا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدۇ. ئۆزئارا كېلىشەيلى دېمەيدۇ، پەقەت ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنىلا چىقىش قىلىپ، دۇنيادا باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلغان يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى ھەققىدىكى كيوتو مۇھىت ئاسراش كېلىشىمىدە، مەنمەنچىلىك قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن، فرانسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىدىن چىقىرىۋېتىلىشكە كۆرسىتىلىشى، 1972 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان يادرو ھازىرلىقلىرىنى قىسقارتىش كېلىشىمىنى چەتكە قايرىپ قويۇشى، باشقا مەدەنىيەتلەرنى، يەنى غەرب مەدەنىيىتىدىن باشقا



维普资讯 http://www.cqvip.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



مەدەنىيەتلەرنى چۈشەنمەي ھەم چۈشىنىشنىمۇ خالىماي، نادانلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن چەتكە قېقىشى قاتارلىق قىلمىشلىرى دۇنيانىڭ تىنچ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، كىشىنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالىدۇ. «11- سېنتەبىر» تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، مەن دەل بېيجىڭدا ئىدىم. مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدىكى تورخانىغا كىرىپ، تور بەتلىرىدىن جۇڭگودىكى ياشلارنىڭ ھەم خۇش بولۇپ ھەم قايغۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئامېرىكا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زور تەسىر كۈچىگە ئىگە، ئەمما، بەك ھۆرمەتلىنىپ كېتىشى ناتايىن، ئەكسىچە خېلى كۆپ ئۆچمەنلىكلەرنى قوزغاپ قويىدى. بۇنى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك. مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سەرخىل ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، پرىنستون، بېركلى، خارۋارد دېگەندەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان بىر زىيالىي بولغاچقا، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كەلدى. كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، ناۋادا ئىنسانىيەتنىڭ تىنچ مەدەنىيلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى، يەنى جۇڭگو- ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز زۆرۈر. مانا بۇمۇ، مېنىڭ بۇ مەسىلىنى ئويلىنىشىمنىڭ ئاساسلىق ئارقا كۆرۈنۈشى.

بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىقراق مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، بىز بىر قەدەم چېكىنىپ، يەر شارىلىشىش (Globalization) نىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقايلى. «يەر شارىلىشىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ چىققىنىغا ئۇزۇن بولمىدى، كۆپ بولسا 10 - 20 يىل بولدى. ئىلگىرى كىشىلەر «غەربلىشىش» (Westernization) ياكى «زامانىۋىلىشىش» (Modernization) دېيىشەتتى. غەربلىشىش، زامانىۋىلىشىش بىلەن يەر شارىلىشىشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. «غەربلىشىش» — «4 - ماي» دىن كېيىن تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ئۇچۇقراق ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي غەربلىشىش — ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇشتۇر. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، 1919 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان 30 يىلدا جۇڭگودا بىرنەچچە قېتىم زور كۆلەملىك مۇنازىرە بولدى. ئالايلى، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى سانائەتنى ئاساس قىلىشى كېرەكمۇ ياكى يېزا ئىگىلىكىنىمۇ؟ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاساس قىلىشى كېرەكمۇ ياكى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىمۇ؟ غەرب مەدەنىيىتىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەكمۇ ياكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ئاساس بولۇشى كېرەكمۇ؟ بۇ ئۈچ قېتىملىق مۇنازىرىنى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىدا شاڭخەي «شېنباۋ» گېزىتى مەملىكەت بويىچە ماقالە مۇسابىقىسى قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئىنتايىن قىزىپ كەتكەن. بۇنىڭدىكى بەزى قاراشلار 60 - يىللاردا تەيۋەندىكى شۈي فۇگۇەن ئەپەندى بىلەن يىن خەيگۇاڭ ئەپەندىنىڭ غەربلىشىش ۋە ئەنئەنە توغرىسىدىكى مۇنازىرىسىدىن ۋە 80 - يىللاردىكى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا «خېشاڭ» ژۇرنىلىدا ئېلىپ بېرىلغان سېرىق توپىلىقتىن ئايرىلىپ، دېڭىز- ئوكيان دۇنياسىغا كىرىشتەك غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ھەققىدىكى مۇھاكىمىدىنمۇ ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولدى. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ماقالىلەر بىر قېتىم ئېلان قىلىنىپلا، ئاپتورىنى قايتا ئۇچرىتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور لو رۇڭچۈي بۇ ماقالىلەرنى يىغىپ «غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش» دېگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر كىتابنى تۈزۈپ قويۇپتىكەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، زامانىۋىلىشىش جۇڭگودا 20 - ، 30 - يىللاردىلا مۇھاكىمە قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇ چاغدا فېڭ يۇلەن ئەپەندى بىز زامانىۋىلىشىشىمىز كېرەك، بىراق غەربلىشىشىمىز ناتايىن. غەربنىڭ تېخنىكىسىنى، دېموكراتىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز، بىراق ھەممىمىز خرىستىيان مۇرىتى بولۇپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك، دېگەنىدى. كېيىن، خۇ شىجى ئەپەندىمۇ پۈتۈنلەي غەربلىشىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما، تولۇق زامانىۋىلىشىشىمىز كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولدى. ئامېرىكا 50 - يىللاردىن كېيىنلا زامانىۋىلىشىش قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بارغاندا، زامانىۋىلىشىش مۇھاكىمىسى

http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



تازا ئەۋجىگە چىققانىكەن. ئۇ چاغلاردا زامانىۋىلىشىشنىڭ ۋەكىلى سوتسىئولوگ باسېنس بولۇپ، ئامېرىكىدا زامانىۋىلىشىشنى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. ھالبۇكى، جۇڭگودا 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىدىلا غەربلىشىش بىلەن زامانىۋىلىشىش بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز جۇغلانمىدى، 20 - ئەسىرنىڭ 60 - ۋە 80 - يىللىرىدىكى مۇھاكىمىمىزنىڭ سەۋىيىسى 20 - ، 30 - يىللاردىكىگە يەتمىدى.

ئامېرىكا زامانىۋىلىشىشنى مۇھاكىمە قىلغاندا، مۇنداق بىر قىزىقارلىق مەسىلىگە دۇچ كەلدى. غەربلىشىشتىن زامانىۋىلىشىشقىچە بولغان ئارىلىق رايون (ماكان) ئۇقۇمىدىن ۋاقىت (زامان) ئۇقۇمىغا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بولغان ئالەم قارىشى، كىشىلىك قاراش، پەن - تېخنىكا تۈزۈمى، تۇرمۇش تەجرىبىسى قاتارلىقلار گەرچە غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئامېرىكىدا تەرەققىي قىلىپ زورايدى. ئۇنىڭ رايونلۇق خاراكتېرى بولسىمۇ، ئەمما، پۈتۈنلەي غەربلىشىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ كەلگۈسىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىدىغان بولغاچقا، پەقەت ۋاقىت، مەزگىل مەسىلىسىلا مەۋجۇت، رايون مەسىلىسى يوق ئىدى. مەيلى شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىسى ياكى يەھۇدىي دىنىدىكى دۆلەتتە بولسۇن، ھەممىسى كەلگۈسىدە زامانىۋىلىشىش يولىدا ماڭىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، غەربىي ياۋروپا ۋەكىللىكىدىكى تۈزۈم ۋە قىممەت ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل قاراش 80 - يىللاردىن كېيىنكى جۇڭگو زىيالىيلىرىغا تونۇش، بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. زامانىۋىلىشىش ياكى زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق بولىدۇ؟ بازار ئىگىلىكى، پۇقرالار جەمئىيىتى، كىشىلىك قەدىر - قىممەت قاتارلىقلارنىڭ زامانىۋىلىشىش ياكى زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدىغانلىقىنى كۆپچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. بىرىنچى، بازار ئىگىلىكى. دۇنيادا ھەرقانداق بىر دۆلەت، ئۇ گەرچە سوتسىيالىستىك دۆلەت بولسىمۇ، بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرمىسا، زامانىۋىلىشىش يولىغا ماڭالمايدۇ. پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېلىشى ئەڭ روشەن يۈزلىنىش. ئىككىنچى، دېموكراتىك سىياسىي. ھەرقايسى دۆلەتلەردە تەرەققىي قىلىۋاتقان دېموكراتىك سىياسىي ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن، دېموكراتىك سىياسىينى ھېچكىم چەتكە قاقالمايدۇ. ئۈچىنچى، پۇقرالار جەمئىيىتى (Civil Society). پۇقرالار جەمئىيىتى خەلق جەمئىيىتىدۇر، ئۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى، ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن مۇستەقىل ئىجتىمائىي كۈچكە ئىگە. بۇ خىل ئىجتىمائىي كۈچ كارخانا، ئىلىم ساھەسى، دىن، ئاخبارات ۋە باشقا ھەرخىل ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بولمىغان تەشكىلات، ئاممىۋى كەسپىي تەشكىلاتلاردا مەۋجۇت. يەنە بىرى، بۇ خىل تەشكىلاتلار ھۆكۈمەتكە، بولۇپمۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى قويالايدۇ. ھۆكۈمەتكە مەلۇم دەرىجىدە بېسىم ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ساغلام بولغان تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. قاتتىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيەلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئامېرىكىدەك جانلىق پۇقرالار جەمئىيىتى شەكىللىنەلمىدى. 1989 - يىلى ئىتالىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن غەربنىڭ پۇقرالار جەمئىيىتى توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، غەرب ئالىملىرى، بولۇپمۇ ياۋروپا ئالىملىرى بىردەك ھەقىقىي مەنىدىكى تەرەققىي قىلغان پۇقرالار جەمئىيىتى ئامېرىكىدا دەپ ھېسابلىدى. پۇقرالار جەمئىيىتى ئۈچ خىل ئاساسىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، پۇقرالار جەمئىيىتى ياۋايىلىقتىن خالىي بولۇشى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن خالىي بولۇشى، شۇنداقلا خەلقنىڭ، قەلەمنىڭ كۈچى ئەلەم كۈچىدىن زور بولۇشى كېرەك.

بازار ئىگىلىكى، دېموكراتىك سىياسىي ۋە پۇقرالار جەمئىيىتىدىن باشقا، يەنە بەزى ئاساسىي قىممەتلەرمۇ زامانىۋىلىشىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك قىممەتكە ئىگە نەرسە ئەركىنلىك، ناۋادا سۆزلەش، يىغىلىش، دىن قاتارلىق ئاساسىي ئەركىنلىكلەر بولمىسا، زامانىۋىلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش تەس. يەنە بىرى، ئەقلىيلىك، بولۇپمۇ قورال - سايمان ئەقلىيلىكى. يەنى مەن ئۆزۈمگە نېمە لازىملىقىنى بىلىمەن، يەنە كېلىپ، دۇرۇس يول بىلەن، قانۇنلۇق ۋاستىلەر بىلەن مەقسىتىمگە يېتەلەيمەن. ئۇندىن باشقا، قانۇن ۋە كىشىلىك ھوقۇقمۇ بار. ئەڭ مۇھىمى يەنىلا

http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



كىشىلىك قەدىر- قىممەت، بولۇپمۇ كىشىنىڭ مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى. بۇ خىل قىممەتلەرنىڭ ئارقىسىدا مۇھىم بىر «ئىقتىسادىي ئادەم» ئۇقۇمى بار. ئادەم ئەقىلگە ئىگە مەخلۇق بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى بىلىدۇ ھەمدە ئەركىن بازار شارائىتىدا «مەن»نىڭ مەنپەئەتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ پايدا. پەقەت «مەن»نىڭ خىزمىتى بازار قانۇنىيىتىگە ماس كەلگەندىلا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن كېپىل بولىدىغان بازار ئەركىنلىكى، باراۋەر رىقابەت تۈزۈلمىسىگە ماس كەلگەندىلا ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ. «ئىقتىسادىي ئادەم»نىڭ ئەنئەنىسى ئادام سىمىس بىلەن لوكتىن كەلگەن. لوكنىڭ ئەنئەنىسىدە يەنە ئىنتايىن يادرولۇق بىر قىممەت بار، ئۇ بولسىمۇ شەخسىي مال- مۈلۈك. «مەن»دە چوقۇم شەخسىي مال- مۈلۈك بولغاندىلا، ئاندىن «مەن» نىڭ مەنپەئەتىگە، شۇنداقلا «مەن» نىڭ مۇستەقىل كىشىلىك پەزىلىتى ۋە قەدىر- قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. بۇ نەزەرىيە ئامېرىكىدا ھازىر راسا بازار تاپتى ھەمدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، بازار ئىگىلىكى، دېموكراتىك سىياسىي، پۇقرالار جەمئىيىتى، كىشىلىك قەدىر- قىممەت ۋە «ئىقتىسادىي ئادەم» ئېلىپ كەلگەن قىممەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋىلىق ئامېرىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، بىردىنبىر تاللاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا جەمئىيىتىدە تەدرىجىي ھالدا سىرتقا نىسبەتەن ھېچنېمىنى بىلمەس ھەم بىپەرۋا، ئۆزىگە نىسبەتەن پەخىرلىنىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگەن.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى بولغان مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ ئۆلۈش، يارىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى، ھالبۇكى، دۈشمەنلىرى تېرە- پېرە بولۇپ كەتتى. تېخىمۇ يېقىنىراق بولغان ئافغانىستان ئۇرۇشىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئامېرىكىنىڭ ھازىرغىچە تۆت ئەسكىرى چىقىمغا ئۇچرىدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچى ئېھتىياتسىزلىقتىن پارتلاپ ئۆلدى، يەنە بىرىنىڭ ئۆلۈمىمۇ دۈشمەن سەۋەبىدىن ئەمەس). لېكىن، ئامېرىكىنىڭ بىرەر ئەسكىرى (ئۈچ دېمەي تۇرايلى) ئۆلسە، پۈتۈن دۇنيا زىلزىلىگە كەلدى. بىزگە مەلۇم، جۇڭگودا قەندىھاردىكى قانلىق جەڭدە 1000 چە ئادەم ئۆلدى دەپ خەۋەر قىلىندى، ئەمما، ئامېرىكىدا بۇ سان ئىنتايىن كىچىكلىتىلىپ خەۋەر قىلىندى. بۇنى ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇڭا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپون قان سىستېمىسىدىن بولغان ئامېرىكىلىق فرانكىس فۇكۇياما ( Francis Fukuyama) تارىخنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. تارىخنىڭ ئاخىرلىشىشى گېگېلنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى زور ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشلىرى ئاخىرلاشتى، ھەممە ماڭىدىغان پەقەت بىرلا يول قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان كاپىتالىزم يولى. بىراق، بۇ يول ھاكاۋۇر ئامېرىكىغىلا مەنسۇپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن تۈزۈملەر بار، ئالايلى، بازار ئىگىلىكى، دېموكراتىك سىياسىي دېگەندەك. ئۇندىن باشقا نۇرغۇن قىممەتلەرمۇ بار، ئالايلى، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋەھاكازا. بۇ يول ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىدە چوقۇم مېڭىلىدۇ، ھەرقانداق دۆلەت ۋە جەمئىيەت زامانىۋىلىشىمەن دەيدىكەن، بۇ يولدا مېڭىشى كېرەك.

ئەمما، 1993 - يىلى خىزمەتدىشىم، سىياسەتشۇناس خانتىڭتون (huntington) «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ قاراشتىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدا، دۇنيادىكى يەنە بىر قىسىم جايلار ئامېرىكا رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقان غەربلىشىش ئويۇنىغا قاتناشماسلىقى مۇمكىن، دۇنيانىڭ مەدەنىيىتى ھەر خىل، بۇنداق ھەر خىل مەدەنىيەت ئىچىدىكى ئىككى چوڭ مەدەنىيەت ئامېرىكا ۋەكىللىك قىلغان يولغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى مەدەنىيەتمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە، بۇنىڭ بىرى، ئىسلام مەدەنىيىتى، يەنە بىرى، كۇڭزى مەدەنىيىتى دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كۇڭزى مەدەنىيىتىگە جۇڭگو ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئىسلام دىنى ئېكسترېمىزمچىلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. خانتىڭتون (huntington)نىڭ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئامېرىكىغا نىسبەتەن تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ئىككى دۈشمەننىڭ بىرى ئىسلام دىنى ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام دىنى ئېكسترېمىزمچىلىرى، ئېنىقراق

http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



قىلىپ ئېيتقاندا، زوراۋان تېررورچىلار. يەنە بىرى، كۆڭزى نوپۇزلۇقلىرى. يەنى كونكرېتراق قىلىپ ئېيتساق، يۇمشاق قول سىنگاپور بىلەن قاتتىق قول جۇڭگو. بۇنداق قارىغاندا، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلىدۇ. خانتىڭتون (huntington)نىڭ سوغۇق مۇناسىۋەت پوزىتسىيىسى بويىچە بولغاندا ئامېرىكا دۈشمىنىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئاكتىپچانلىقى تولۇق قوزغالغاچقا، بوشلۇق پىلانى 10 يىل ئىچىدىلا ئاي شارىغا چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. باشقا ھەربىي سانائەت تەرەققىياتىمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور بولغاچقا، بىر مەزگىل ئۇنى دۈشمەن چاغلاپ يۈردى. ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى قوزغالدى. ئەمەلىيەتتە ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىمۇ قۇرۇلما خاراكتېرلىك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، ئامېرىكىغا نىسبەتەن بىردىنبىر دۈشمەن ئەمدى جۇڭگو ئىدى، ئەپسۇسكى جۇڭگو ئۇنچە قۇدرەتلىك ئەمەس. مانا بۇ خانتىڭتوننىڭ «دىپلوماتىيە» پەسىللىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراش. جۇڭگو تەھدىتى 2010 - يىللىرى يۈز بەرمەيدۇ، بەلكىم 2050 - يىللىرى ياكى 2080 - يىللىرى كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

قارىشىمچە، فۇكۇيامانىڭ تارىخنى ئاخىرلاشتۇرۇشى بىلەن خانتىڭتوننىڭ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئۆزىگە ئاساس قىلغىنى غەربنىڭ ۋە باشقا جاينىڭ نەزەرىيىسىدۇر. خانتىڭتون ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «مېنىڭ قارىشىم مانا بۇ: The West and the Rest ، بۇ يەردىكى the West دەل غەربتۇر، the Rest بولسا بارلىق باشقا جايلاردۇر» دېگەن. مېنىڭ خانتىڭتون بىلەن شەخسىي ئالاقەم ياخشى، ئىلگىرى كۆپ قېتىم پىكىرلەشكەنمىدۇق. مەن: ئېسىڭىزدە بولسۇن، The West is in the Rest، غەربنى ھېچكىم تەكلىپ قىلغىنى يوق (Not by Invitation)، بىراق، ئۇ ھەممە يەردە بار، دېسەم. خانتىڭتونمۇ بۇ پىكرىمگە قوشۇلدى، مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىكتىن ھەممەيلەن بۇنىڭغا ئىسپات تاپالايدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا ۋەدە بېرىمەنكى، ھازىر The West is in the Rest، يەنى غەربنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاللىقاچان غەربلىشىپ بولدۇق. ئاددىي بىر مىسال كەلتۈرەي، گېرمانىيىدە ئىلگىرى ئىرق ئايرىمىچىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، ناۋادا سىز گېرمان قان سىستېمىسىدىن بولسىڭىزلا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 20 يىل تۇرۇپ گېرمانىيىگە قايتىپ كەلسىڭىز، سىز يەنىلا نېمىس، گېرمانىيىلىك. ناۋادا سىز تۈركىيىلىك بولۇپ، گېرمانىيىدە 30 يىل، ھەتتا ئۆمۈر بويى ئىشلىسىڭىزمۇ، سىزنىڭ بالىڭىز يەنىلا گېرمانىيىلىك ئەمەس. مانا بۇ تەرىپى ياپون ۋە چاۋشيەنگە ئوخشاش، كورېيىلىكلەر ياپونىيىدە ئۈچ ئەۋلاد ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ياپونىيىلىك ئەمەس، ياپونىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتەلمەيدۇ. ئەمما، يېقىندا گېرمانىيە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بېسىمى ۋە ئۆزىنىڭ ئاڭلىقلىقى بىلەن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پەقەت گېرمانىيىدە بىرقانچە مەزگىل ئىشلىسىلا، گېرمانىيىلىك ھېسابلىنىدىغان بولدى. قاراش بىرلا ئۆزگەرتىۋېدى، ھازىرقى 10% گېرمانىيىلىك تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ چىقتى، بۇ سان داۋاملىق ئۆرلىمەكتە. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال فرانسىيە، ئىتالىيە، ھەتتا شىمالىي ياۋروپادىمۇ كۆرۈلدى. ئامېرىكا سىپى ئۆزىدىن بىر كۆچمەنلەر جەمئىيىتى، سىرتتىن كەلگەنلەر داۋاملىق كۆپەيمەكتە. دېمەك، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر غەربكە توپلانماقتا. بۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە دىنلارنىڭ توپلىنىشىمۇ بىز ئېتىراپ قىلىدىغان ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە كۆپ خىل دىن دېگىنىمىز، يۇقىرىقى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىز ۋەكىللىك قىلىدىغان دىن، تىل، پەن - تېخنىكا كۆچىنىڭ زور ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 21 - ئەسىردىن 22 - ئەسىرگىچە سىرتقى تەسىردىن مۇستەسنا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئاز. شۇڭا، ھەر خىل ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا تىنچ بىللە تۇرۇشى كېرەك.

ئامېرىكىدا قىزىق مۇھاكىمە نۇقتىسىغا ئايلانغان بىر مىسال ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى شەرھلەپ ئۆتەي. بۇ مىسال خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى قانداق قىلىشى كېرەك دېگەن مەسىلە بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىر ئامېرىكىدا ئىسلام ئەللىرىگە ئالاقىدار كىتابلار ئەڭ بازار تاپماقتا. ئادەتتىكى



http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا 1مىليارد 200 مىليون مۇسۇلمان بار، ئۇلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 1/5 نى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، بەش ئادەمنىڭ بىرى مۇسۇلمان دېگەن سۆز. گەرچە خرىستىئان مۇرتلىرى 33% بولسىمۇ، ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادا ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئالايلى. ھازىر پارىژدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى خرىستىئان مۇرتلىرىنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى، ئامېرىكىدا تەخمىنەن بەش مىليون مۇسۇلمان بار، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئافرىقا قان سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپ. ئامېرىكىدا خرىستىئان دىنىدىن قالسىلا، ئىسلام دىنى ئەڭ چوڭ دىن، يەھۇدىي دىنى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي مەسىلىلەرگىمۇ نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى. يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر خۇدالىق دىن بولۇپ، بىر غولدىن شاخلىغان شاخچىلاردەك ئۈچ قېرىنداش دىن. بولۇپمۇ يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەر تېخىمۇ شۇنداق. ھەر ئىككىسى سامنىڭ ئەۋلادلىرى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى بىر بولسىمۇ، نېمىشقىكىن بۇ قېرىنداشلار بىر ـ بىرىنى كۆرسىلا ھۆرپىيىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنى، كەڭرەك قىلىپ ئېيتساق، ئەرەب مەدەنىيىتى بولغاچقىلا. غەربتە ئوتتۇرا ئەسىردە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بولغان. ناۋادا ئەرەب كلاسسىكلىرى ئارقىلىق قەدىمكى گرېك پەلسەپىسى غەربتىكى خرىستىئان دىنى دۇنياسىغا يەتكۈزۈلمىگەن بولسا، غەرب خرىستىئان دىنى دۇنياسى تەرەققىي قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بولمىغان بولاتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بولمىسا، تەرەققىيات باشلانمىغان ۋە ھازىرقى غەرب زامانىۋىلىقىمۇ يوق گەپ ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى، مەيلى ماتېماتىكا، ئىلىم ـ پەن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەپسىر قىلىش جەھەتتە بولسۇن، دانىشمەنلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. گرېك پەلسەپىسى ئەرەب ۋەسىقىلىرىدە ساقلىنىپلا قالماي، يەنە ئەرەب ئالىملىرى تەرىپىدىن تەپسىرلىنىپ، گرېك پەلسەپىسى ئوتتۇرا ئەسىردە قايتىدىن نامايان بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۈچ دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىدە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشى ئەرەب دۇنياسىدا بولدى. مورىش (Moorish، 1035 – 1139 ـ يىللار) دەۋرىدىكى ئىسپانىيىدە گەرچە ئۇنچە ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا 100 يىلدىن ئارتۇق تىنچ بىللە تۇردى.

بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بولغاچقا، بىز ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق. ئۇ جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشىغا كۆپ جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. گەرچە ئەلچىخانا پارتلاش، ئايروپىلان سوقۇلۇش ۋەقەسى جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى قوزغىسىمۇ، ئەمما، بۇ جۇڭگودىكى كەڭ جامائەتنىڭ ئامېرىكىنى ياخشى كۆرۈشى، ئامېرىكىنىڭ قىممەت ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشى يۈزە، ئۇلار ماھىيەت جەھەتتىن ئامېرىكىنى بىرقەدەر چۈشىنىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتە ئورنىتىشى ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب. بۇ ئەلۋەتتە، ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سىياسىي كۈچىنىڭ زورلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ زور تاشقى ياردىمىگە ئېرىشىدىغان دۆلەت. ئۇ ئۆزى كىچىك دۆلەت بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتتىكى يەھۇدىيلار نيۇ يورك شەھىرىدىكى يەھۇدىيلاردىنمۇ ئاز. ناۋادا ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسى بولمىسا ئىسرائىلىيىنىڭ جان باقمىقىمۇ تەس. ئەمما، دەل ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەت ئامېرىكىنى ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن ئوتتۇرىسىدىكى ئېچىنىشلىق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. ئۇ ئىسرائىلىيىنى بار كۈچى بىلەن قوللىغاچقا، ئەرەب گۇرۇھىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويىدى. ھازىر ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇرلىدى، شۇنداق بولغاچقا، ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب ئۆكتىچىلەر گۇرۇھى خاماس ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پەسەيمەكتە يوق، تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بىر سەۋەب. ئۇندىن باشقا، ئىراق ئۇرۇشىدىن بۇيان، ئامېرىكا كۈندە دېگۈدەك ئۈچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىش بىلەن بىللە، ئىراققا

http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



قارىتا ئەڭ قاتتىق ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈپ، ئىراقنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېمەك، بىر تەرەپتىن پۈتكۈل ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئامېرىكىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بار، يەنە بىر جەھەتتىن پۈتكۈل ئامېرىكا جەمئىيىتى ئىسلامىيەتنى يات مەدەنىيەت، دىنىي ئېكستىرىمىزمچى دەپ قارىغاچقا، ئىسلامىيەتنى ھەر خىل زوراۋان كۈچ سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئامېرىكا تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئۇزاق مەزگىللىك تەتۈر تەشۋىقاتى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىسلامىيەتكە، شۇنداقلا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە بولغان تەسەۋۋۇرى ۋە باھاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ بىر مىسال خالاس. كەلگۈسىدە خرىستىئان دىنىنىڭ، ئىنگلىز تىلى دۇنياسىنىڭ، غەرب زامانىۋىلىقىنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسلام دۇنياسى غەرب بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئەمما، زامانىۋى ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە بىر يولدا مېڭىشى، غەرب بىلەن ئۇزاق مۇددەت قارشىلىشىش تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشى مۇمكىن، بۇ قانداق ماسلاشتۇرۇشقا باغلىق. جۇڭگو ھەمدە كۈڭزى مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياپونىيە، كورىيە، سىنگاپور، شۇنداقلا تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى، چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇقلار دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشى ئامېرىكا گەۋدىلىك ۋەكىللىك قىلىۋاتقان زامانىۋىلىشىش ئەندىزىسى بولامدۇ ياكى باشقا مۇمكىنچىلىك بارمۇ؟ بۇمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. مۇنداق دەپ باقايلى. ب د ت نىڭ مەدەنىيەتلەر دىئالوگى گۇرۇپپىسى بىر- ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق بۇ يىل 11- ئاينىڭ 7- كۈنى بۇ گۇرۇپپىنىڭ خۇلاسىسى بولمىش «ئىختىلاپتىن ھالقىش» ناملىق ئەسەرنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىئىنەزىرى شۇكى، ناۋادا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى، مەدەنىيەتلەر قارشىلىقى، قارشىلىشىش ئۇرۇشى ۋە زىددىيەتلەر كۈچەيسە، دىئالوگ تېخىمۇ زۆرۈر بولىدۇ. بۇ قاراشنى خانتىڭتون (huntington) ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىدۇ. خانتىڭتون (huntington) «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نىڭ ئىككىنچى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە: «مەن توقۇنۇشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمەن، دەل مەدەنىيەتلەر دىئالوگىغا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش زۆرۈر» دېدى. «11- سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، خانتىڭتون (huntington) «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ: «11- سىنتەبىر» ۋەقەسىنى ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دەپ قارىۋالماسلىق كېرەك. بولمىسا زوراۋان تەشكىلاتلار ۋە تېررورىزم ئىسلامىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى توقۇنۇشۇپ قالسا، دۇنيا تىنچلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئامېرىكا ھازىر نۇرغۇن زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان تىنچلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە، چۈنكى، كۆپىنچە ئىسلام مۇرىتلىرى يەنىلا تىنچلىقنى خالايدۇ. ئەمما، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئامېرىكىغا نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆچلۈكى ھەمدە ئۆچمەنلىك تۇپرىقىدا زوراۋان تەشكىلاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى «يەر شارىلىشىش ۋە كۆپ خىللىشىش» ناملىق ئەسىرىمدە شەرھلىدىم. يەر شارىلىشىش بىلەن غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. زامانىۋىلىشىش بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوي- خىيالىنىڭ بىردەكلىكى زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادىكى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ماڭسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ بارغانسېرى كىچىكلەيدۇ. بولۇپمۇ يەر شارىلىشىشتىن باشلاپ، ئىلىم- پەن، تېخنىكا، ئۇچۇر، پۇل- مۇئامىلە، ساياھەتچىلىك، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىن جەمئىيەتنىڭ بىر يۈنىلىشلىشىپ كېتىشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر زامانىۋىلىشىش بىرلىشىپ كېتىش دېمەكتۇر دەپ قارايدۇ. بىراق، يەر شارىلىشىشتا بىر يۈنىلىشلىكتىن باشقا، كۆپچىلىك 20- ئەسىرنىڭ 60-، 80- يىللىرىدا تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەن يەنە بىر تەرەپ بار، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ تونۇش ئېڭى ئۆستى. يەر شارىلىشىش كىشىلەرنىڭ تونۇش ئېڭىنى ۋە سىياسىينى تونۇشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. يەر شارىلىشىش كۈچلۈك يەرلىكلىشىشكە يېتەكلىدى. مانا بۇ ئىككى خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشى قارىماققا زىددىيەتلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىردەكلىككە ئىگە. بىز ھەرگىزمۇ بىرىگە ئېتىبار بېرىپ، يەنە بىرىگە سەل قارىماي، ھەر ئىككىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشىمىز

http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



كېرەك.

رېئال دۇنيادا كىشىلەر ھەر ۋاقىت مىللەت، جىنس، تىل، رايون، سىنىپ، ياش، ئېتىقاد دېگەندەك مەنبەلەردىن ئايرىلالمايدۇ. مىللەت مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالمىسا، ئامېرىكا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. جىنس مەسىلىسىمۇ مۇھىم، ئۆتكەن 10 نەچچە يىل مابەينىدە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاياللار ھوقۇقى ئەڭ مۇھىم ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. جىنس جەھەتتىكى ھەقىقىي باراۋەرلىك ھەرگىزمۇ ئاياللارنى 55 ياشتا، ئەرلەرنى 60 ياشتا پېنسىيىگە چىقىرىش ئەمەس، ئوخشاش خىزمەتتە ئاياللار ئەرلەر ئالغان ئىش ھەققىنىڭ پەقەت 80% ىنىلا ئالىدۇ. قارىماققا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئەرلەر بار دەك قىلغان بىلەن، كۆپىنچە ئائىلىدە تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، بالا بېقىش يەنىلا ئاياللارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە بالا تەربىيىلەشتىكى جاپالىق ئەجرى ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە بولماسلىقى، ھەتتا ماددىي ئىش ھەققىگە ئېرىشمەسلىكى كېرەكمۇ؟ بۇنداق قاراشلار ئامېرىكىدا پۈتۈنلەي ئۆزگەردى، بەلكى ئۆزگىرىشى بەكلا تېز بولدى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشتى دېگۈدەك ھالغا يەتتى. 2000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا بۇنداق ئىش تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. كورىيە، ياپونىيىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆڭزىچىلار جەمئىيىتىدە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تەس. جۇڭگودا 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن كۆرۈنۈشتە ئاياللارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرىدىغان خىزمەتلەر خېلى ئىشلەندى. ئەمەلىيەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ نۇرغۇن. تىل مەسىلىسى. تىلنىڭ مۇھىملىقىدا تەيۋەننى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ. گومىنداڭ تەيۋەننى ئىگىلىگەندە، مەدەنىيەت زۇلۇمى سىياستى قوللانغان بولۇپ، تەيۋەندە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۇتۇڭخۇانى (ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت تىلى دەپ ئاتالغان) ئىگىلىشى شەرت دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بارلىق دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە شەخسلەر ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار يەرلىك شېۋىدە، يەنى فۇجيەن شېۋىسىدە سۆزلىمەسلىكى كېرەك. بولمىسا جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ، ھەتتا پالاقتا تارتىلىدۇ دەپ مەجبۇرلانغان. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تا ئالىي مەكتەپكىچە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە قاتتىق چەكلىمە قويۇلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تەيۋەن ھېس قىلىپ يەتكەن تۈنجى ئىش يەرلىك تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولغان. ئويلاپ باقايلى، گۇاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەكتەپلەردە گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە ياكى شاڭخەي شېۋىسىدە سۆزلىمەيسەن، پەقەت پۇتۇڭخۇادىلا سۆزلەيسەن دەيدىغان بولساق، چوقۇم ئىنتايىن ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىمىز. تەيۋەننى گومىنداڭ ئىدارە قىلغان ۋاقىتتا بولغان بىلەن، ئەمدىلىكتە چاتاق چىققىلى تۇردى. باشقا ئۆلكىلىكلەر فۇجيەن شېۋىسىدە قانچە قىينىلىپ سۆزلىسىمۇ سۆزلىمەي ئامال يوق، فۇجيەن شېۋىسىدە سۆزلىمىسە سايلامغا قاتنىشالمايدۇ. تەيۋەندىكى بۇ مىسال شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر قىسىم مەنبە خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

رايون مەسىلىسى ــ مىللەتنىڭ ئاتالمىش ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدۇر. مۇبادا ب د ت ھازىر مۇستەقىل بولۇشنى خالايدىغان بارلىق رايونلارغا يول قويسا، ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەر ھازىرقى 170 ـ 180 دىن كۆپىيىپ، بىرەر مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. سىنىپ مەسىلىسى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىدىن ئىبارەت. ئىلگىرى بۇ جەنۇب ـ شىمال مەسىلىسى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر مەسىلىسى دەپ قارالغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا بۇنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك، رايون خاراكتېرلىك، دۆلەت خاراكتېرلىك مەسىلىلا ئەمەسلىكى تونۇلۇپ يېتىلدى. ھەتتا بىر شەھەر، بىر ئىدارىدىمۇ جەنۇب ـ شىمال مەسىلىسى مەۋجۇت، تېببىي پەن پروفېسسورى نېمە ئۈچۈن پەلسەپە پروفېسسورىدىن يۇقىرى ئىش ھەققى ئالىدۇ؟ چۈنكى، پەلسەپە پروفېسسورى جەنۇب، تېببىي پەن پروفېسسورى شىمال. ياش مەسىلىسى. ئىلگىرى 30 يىل بىر دەۋر ھېسابلىناتتى، بىز يېڭى كۆڭزىچىلىق 1919 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە ئۈچ دەۋر تەرەققىي قىلدى دەيتتۇق. ئەمدىلىكتە كومپيۇتېر ۋە باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن 30 يىل بىر دەۋر ھېسابلانمايدىغان، بەلكى 10 يىل، سەككىز يىل ھەتتا قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا، ئالىي مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقى بىلەن تۆۋەن يىللىقى

维普资讯 http://www.cqvip.com



ئوتتۇرىسىدىمۇ دەۋر پەرقى كۆرۈلىدىغان بولدى. ئېتىقاد مەسىلىسى. ئىلگىرى بىر دىن بىلەن يەنە بىر دىن، يەنى ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ئەنسىرەيتتۇق. ئەمدى ھېس قىلىپ يەتتۇقكى، دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى توقۇنۇشمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن. ئىسرائىلىيە شۇ ۋەجىدىن تىنچلىق يولىغا ماڭالمايۋاتىدۇ، رابىنىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رابىن ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىي دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى دىنىي ئېكستىرېمىزمچى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇددا دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمىدىمۇ توقۇنۇش بار، ھەتتا تىبەت لاما بۇددا دىنىمۇ توقۇنۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىراق بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى.

مىللەت ئىككى يەر شارىلىشىش بىلەنلا ئاجىزلاپ قالمايدۇ. تىل جەھەتتە، ئىنگلىز تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئەلۋەتتە ئىنتايىن تېز بولۇۋاتىدۇ، ئەمما، ھازىر تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولۇۋاتقان تور تىلى خەنزۇ تىلى بولماقتا. ئاددىي بىر مىسال كەلتۈرەي، سىنگاپوردىكى «بىرلەشمە ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ تورلىشىشتىن بۇرۇنقى سېتىلىش مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، تورلاشقاندىن كېيىن، ھەر ئايلىق تورداشلار ئىلگىرىكى 10 - 20 مىليوندىن كۆپىيىپ، 40 - 50 مىليونغا يەتتى. خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە خەنزۇ تىلىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىچىدە تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولدى. ئىنگلىز تىلىنىڭ قۇدرىتى ئاشقانسېرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئازىيىپ كېتەرمۇ؟ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى مەلۇم مەزگىل خەنزۇ تىلىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دەپ قارالغانىدى، 4 - ماي مەزگىلىدە، خەت ئۆزۈش ماشىنىسى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى بىر تەرەپ قىلغىلى، تېلېگراممىنىمۇ بىۋاستە خەنزۇچە يوللىغىلى بولمىغاچقا، خەنزۇ يېزىقىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ھەتتا لاتىنچىلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ماۋ زېدۇڭ 1958 - يىلى مېكسىكا كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرنەچچە سائەت سۆھبەتلەشكەن. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى مەندىن: شۇ ۋاقىتتا نېمە توغرىلىق سۆزلەشكىنىمىزنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىدى. مەن: دۇنيا ئىنقىلابى ھەققىدە سۆزلەشكەنسىلەر، دېدىم. ئۇ: باش تېمىمىزنىڭ بىرى خەنزۇ يېزىقىنى لاتىنچىلاشتۇرۇش، خەنزۇ يېزىقىنى قانداق قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىلىق بولدى، دېدى. ھەتتا بەزى تىلشۇناسلارمۇ «خەنزۇ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرايلى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ھازىر خەنزۇ يېزىقى بىلەن قەدىمكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى تۆۋەنلەش باسقۇچىدا تۇرماقتا. تۆۋەنلەپ شۇ ھالغا يەتتۇقكى، خاتا خەتلەر دەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەنمۇ شۇنداق. بۇ خىل ھالەت خەنزۇ يېزىقىنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرارمۇ؟ بۇنداق بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئالايلى، مالايسىيا ئۇزۇن مەزگىل خەنزۇ يېزىقىنى قوللانمىغان، ھۆكۈمەتمۇ قوللىمىغان، خەنزۇچە مەكتەپلەرمۇ قالمىغان، خەنزۇ تىلىنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈنلەي روھسىز ھالەتتە قالغان. ئەمما، ھازىر مالايسىيانىڭ خەنزۇ تىلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، ئۈچ يىل ئىلگىرى تەيۋەندىكى «بىرلەشمە خەۋەرلەر گېزىتى» تەشكىللىگەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى نۇرغۇن يازغۇچىلار قاتناشقان خەنزۇچە ماقالە مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكىنى مالايسىيالىق خەنزۇ بولدى. يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ستۇدېنتلار مۇنازىرىسىدە مالايسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ھەمدە تەيۋەن، شياڭگاڭ رايونلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى يەڭدى. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بارغانلار دېيىشى مۇمكىن، ئىنچىكىلەپ قاراپ باقساق، بۇلار مالايسىيادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خەنزۇلاردىن تەشكىللەنگەنىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تىلغا بولغان تونۇش ئۆزگەرمەيدۇ.

مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دىئالوگنىڭ زۆرۈرلۈكى كېلىپ چىققان. نېمە ئۈچۈن دىئالوگ زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئالايلى، ئامېرىكا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى داۋاملىق ئىشلەۋاتىدۇ. ناۋادا بۇ سىستېما مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ھەرقانداق «لۈكچەك دۆلەت» نىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ئامېرىكا زېمىنىغا كۆز ئالايتالمايدۇ، دۆلەت پۈتۈنلەي بىخەتەر بولىدۇ. ھالبۇكى، «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق

维普资讯 http://www.cqvip.com



دۆلەتنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئىنتايىن زور بولىدۇ. ھەر خىل ئوخشىمىغان زوراۋان تەشكىلاتلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ھەربىي كۈچكە ۋە ئاخبارات سىستېمىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئاخباراتىغا تايىنىپلا، مۇداپىئە كۆرىمەن ، زوراۋان كۈچلەرنى باستۇرىمەن دېيىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىدا ئەرەبچە سۆزلىيەلەيدىغانلار ئاساسەن يوق دېگۇدەك ، خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغانلار كۆپ، ئەمما، يۇقىرى سەۋىيىدىكىلىرى كۆپ ئەمەس. ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا، ھىندونېزىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن، زوراۋانلىق ۋەقەسىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارالىق بىرئورتاق گەۋدە شەكىللىنىشى. بۇ گەۋدە ھەربىي ئىشلار ۋە ئاخبارات نۇقتىسىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت، دىئالوگ، چۈشىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ماسلىشىپ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ناۋادا زىددىيەت كۆرۈلسە، بۇ زىددىيەت ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا، زىددىيەت توقۇنۇشقا، توقۇنۇش قارشىلىشىشقا، قارشىلىشىش ئۇزاققا سوزۇلىدىغان دۈشمەنلىك ئۇرۇشىغا ئۆزگەرمىسىكەن دەيمەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دىئالوگ سەۋرچانلىقتىن باشلىنىدۇ. دىئالوگنىڭ مەقسىتى قارشى تەرەپنى قايىل قىلىش ئەمەس، ئۆز قارىشىنى قارشى تەرەپكە تېڭىش ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا چۈشىنىش، قايتا - قايتا ئويلىنىش. سەۋرچانلىق پەقەتلا دىئالوگنىڭ باشلىنىشىدۇر، سەۋرچانلىق قارشى تەرەپنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىللە مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئاساسىدۇر. ئالايلى، ئەرەبلەرنىڭ پەلەستىن دۆلىتى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ قارىماققا پەسكويغا چۈشكەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن، راستىنى ئېيتقاندا ئىلگىرىلەش بولدى، ھېچ بولمىغاندا ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىننىڭ ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنى قىرىپ تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىللە مەۋجۇت بولۇش زۆرۈر بولىدىكەن، ئۆزئارا ئەقەللىي ھۆرمەت بولۇشى كېرەك.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىرى ئىنتايىن بېكىنمە، قۇرغۇيلارنىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور. ئەمما، ئامېرىكا ئاۋام جەمئىيىتىنىڭ ھەرىكىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقى ئىنتايىن مول. ئامېرىكا بىر كۆچمەنلەر جەمئىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلگەن، غەرب دۆلەتلىرىدىن كەلگەنلەر تېخىمۇ ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، مەدەنىيەتلىك جۇڭگودىن چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىققان ئىلىم ساھەبلىرى مەيلى ياۋروپادىكى ئەنگلىيە ، گېرمانىيە، فرانسىيە ياكى ئىتالىيە بولسۇن، قانچىلىك تىرىشسىمۇ، تىلنى قانچىلىك پۇختا ئىگىلىسىمۇ، ئۇ يەرنىڭ جەمئىيەت ئەزاسى بولۇشى بەسى مۈشكۈل. ئەمما، ئامېرىكىدا ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بەكمۇ زور. ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆچمەنلەرنى سىڭدۇرۇشى، ئېچىۋېتىلىشى، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشى گەرچە نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويغان بولسىمۇ، تەرەققىي قىلىپ بېرىشىدىكى مۇھىم ئامىل. ئەگەر ئۇ مەدەنىيەت ئۆگىنىدىغان دۆلەتكە ئۆزگىرەلىسە، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ كۈچەيگەن بولاتتى.

مەن بىر مىسال ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرەي. ئۈچ يىل ئىلگىرى مەن يېرۇسالىمدىكى ئىبراي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسرائىلىيە پەلەستىن زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزگەن چوڭ تىپتىكى ئاشكارا مۇھاكىمە يىغىلىشىدا يەھۇدىي زىيالىيلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. مەن سىنگاپورنىڭ تەجرىبىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. 1965 - يىلى سىنگاپور دۆلىتى قۇرۇلغاندا مالاي دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئىسلام دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېگانە ئارال ھېسابلايتتى. سىنگاپور ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلىيىنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلاتتى، ھەتتا ھەربىي قوماندانلىرىنى ئىسرائىلىيىگە تەلىم ئېلىشقا ئەۋەتەتتى ھەمدە ئىسرائىلىيىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسى قۇرۇشىغا ياردەمگە تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئىسرائىلىيە «بىر قاققا بىر قاق» سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئەگەر كىمدە كىم ئۇنىڭ بىر تال مويىغا تېگىپ قويسا، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى قانغا بوياشقا تەييار ئىدى.

سىنگاپور ئاخىرى كۈتكۈزگۈچىلارنىڭ ئامالىنى تاللىدى. سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ خەقنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، دېگەننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى، يەنى «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە» دېگەندەك سىياسەت قوللىنىپ، زىددىيەت توقۇنۇشىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. لى گۇاڭياۋ غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ نەزىرىدە بەزىدە بەكمۇ ھاكاۋۇر كۆرۈنىدۇ، ئەمما، مالايسىيا رەھبىرى ماخاتىر بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەندە ئامال بار زىددىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشىپ، ھە دېسە «بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭلارغا خەۋپ ئېلىپ كەلمەيدۇ» دەپ تۇرىدۇ. بىراق دەپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ھەرىكەت قىلىش كېرەك. سىنگاپور ھىندونېزىيىگە بىزمۇ ئاسىيالىقلارغا تەۋە، بىزنىڭ ساداقىتىمىز ئاسىيا ئۈچۈن دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندونېزىيە جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتماي تۇرۇپ، سىنگاپور ھەرگىزمۇ جۇڭگو بىلەن ئاۋۋال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتمايدۇ دەپ كاپالەت بېرىدۇ. سىنگاپور بۇ ۋەدىسىگە 25 يىل ئەمەل قىلىپ كەلدى. ھىندونېزىيە جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بىر ئايدىن كېيىنلا، سىنگاپورمۇ جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. نەنشا تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە جۇڭگو، ۋېيتنام، فىلىپپىن ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە، سىنگاپور جۇڭگوغا بىز نەنشا تاقىم ئاراللىرىنىڭ شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قوللايمىز، بۇ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چېتىشلىق ئىش دېدى. ھالبۇكى، جۇڭگو بېيجىڭ سىنگاپورنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنىمۇ چۈشىنىدۇ. بۇ سىنگاپورنىڭ ئاسىيانىڭ كونكرېت ھەرىكىتىنى ئېتىراپ قىلغىنى. ئۇنىڭدىن باشقا، سىنگاپور ئۆز رايونىدا ئەڭ ياخشى دوختۇرخانا، ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپ، ئەڭ ياخشى بانكا، ئەڭ ياخشى ئاۋئىئاتسىيە شىركىتى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيىلىكلەرنى ئاغرىپ قالسا كېلىپ بۇ يەردىكى دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرسىتىشكە، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ يەردىكى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا، پۇللىرىنى بۇ يەردىكى بانكىغا قويۇشقا، ساياھەتكە چىققاندا بۇ يەردىكى ئاۋئىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇشقا قىزىقتۇردى. شۇنداقلا «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە» دېگەندەك قىلىپلا قالماي، يەنە «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونجۇڭغا» دېگەندەك يول تۇتتى. يەنى مەن تەرەققىي قىلسام، ساڭا پايدىسى بار، دېگەننى بىلدۈردى. شۇڭا، سىنگاپور ئاسىيا ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلدى، ئىنگلىزچە ئوقۇتۇش، يەرلىك مائارىپ ۋە يەرلىك شەھەرلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك رايون مەركىزى (Regional Centers) نى تەرەققىي قىلدۇردى. يېقىندا سىنگاپور ئۇنىۋېرسىتېتى مەخسۇس شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى قارار قىلدى. ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى سىنگاپوردا. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تاكتىكا ۋە كونكرېت ئۇسۇل - چارىلەر بار. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بولغاچقا، مالايلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قانلىق توقۇنۇشى 1969 - يىلى يۈز بەرگەن ھەم بىرنەچچە ئادەملا يارىلانغان. 1969 - يىلىدىن ھازىرغىچە، سىنگاپوردا ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ باقمىدى. ناۋادا سىنگاپور ئىسرائىلىيىنىڭ يولىنى تۇتقان بولسا، سىنگاپور ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالارمىدى؟ ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىش ئۈچۈن سىنگاپورنىڭ مىسالىغا دىققىتىنى ئاغدۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك.

خۇلاسە كالام، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ۋە جۇڭگونىڭ قايتا گۈللىنىشى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 21 - ئەسىردە دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىرى. جۇڭگو قايتا باش كۆتۈرسە، بىر ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە، ھەتتا دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىدا ئاتالمىش «جۇڭگو تەھدىتى» نەزەرىيىسى پەيدا بولدى، بۇنى كۆپچىلىك ئوبدان بىلىدۇ. قەلبىمدە ئۇزۇندىن بۇيان ئەگىپ يۈرگەن بىر سوئال شۇكى، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرى 100 يىللىق ھاقارەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھازىر قايتا باش كۆتۈرسە، قانداق مەدەنىيەت ئۈچۈرى ئېلىپ كېلەر؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئەلۋەتتە جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختى. ئۇ



维普资讯 http://www.cqvip.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



غەربىي ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىياتى بىزدىن تېز دۆلەتلەرگە تەھدىت ئەكەلمەيدىغان، شۇنداقلا ھىندىستان، ئافرىقا دۆلەتلىرى قاتارلىق تەرەققىياتى بىزدىن ئاستا دۆلەتلەرنى ئەندىشىگە سالمايدىغان بولسا، يەنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئازابى ئۈستىگە قۇرۇلمايدىغان بولسا، بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بەختى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بەختى بولىدۇ. بۇ بىر چوڭ مەسىلە. بۇ ھالقىش تەس بولغان، بىراق، يەنە چوقۇم ھالقىمىسا بولمايدىغان تار مىللەتچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا باغلىق.

كۆپلىگەن غەرب ئالىملىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئېنىق ئىككى مۇددىئاسى بار، بۇنىڭ بىرى، ئۆچ ئېلىش، يەنە بىرى ھوقۇق تالىشىش دەپ قارايدۇ. دېمەكچى بولغىنى، بىر چوڭ مىللەت 100 نەچچە يىللىق ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن كېيىن، ھازىر بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى «ئەمدىغۇ مېنى يەنە بوزەك قىلالماسسەن» دەپ جاكارلاش، ئىلگىرى «خەق پىچاق، مەن گۆش» بولغان بولسا، ئەمدى «مەن پىچاق، خەق گۆش» بولۇش دېگەندىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھېسسىيات ئومۇميۈزلۈك ئەمەس. ئىككىنچىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى باش كۆتۈرسە، چوقۇم ھوقۇق تارتىۋالىدۇ. چۈنكى، ھازىر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئويۇن قائىدىسى ئۆزگەرگىنى يوق، كىمنىڭ پۇلى، ھوقۇقى، ھەربىي كۈچى بولسا شۇنىڭ دېگىنى ھېساب، شۇنىڭ ئاۋازى كۈچلۈك. ئەمىسە ھازىر بىزنىڭمۇ ئازراق پۇلىمىز، ھوقۇقىمىز، ھەربىي كۈچىمىز بار بولدى، شۇڭا، ئاۋازىمىز بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە بولماس. بۇنداق ھېسسىيات ھۆكۈمەت، ئاخبارات، كارخانا ياكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەردە خېلىلا ئومۇملاشتى. مېنىڭچە، غەرب ئالىملىرىنىڭ كۆزقارىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە قىلىنغان ھاقارەت. ئەجەبا ئۇزاق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرى قايتا باش كۆتۈرسە، جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەبلىرىدا پەقەت ئۆچ ئېلىش ۋە ھوقۇق تالىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھېسسىياتلا بولارمۇ؟ تىنچلىق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى چوقۇم دىئالوگ ئارقىلىق بولىدۇ، يەنى يات مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى گۈللىنىمەن دەيدىكەن، چوقۇم مىللىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چەت ياقىلاردىكى تەرەققىياتى ئاستا رايونلار، ئالايلى شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل ھەم باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مەزگىللىك، ئىناق دىئالوگنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن باشقا 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەر ئاساستا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئالاقىسىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ ئەنئەنە بايلىقىمىزنى، ئالايلى، ماخايانا بۇددا دىنى، تەرىقەت دىنى، كۇڭزىچىلار ۋە ھەر خىل ئوخشىمىغان مىللەت دىنلىرىنىڭ ئەنئەنە بايلىقلىرىنى ئاچالامدۇق ـ يوق، ھىندىستان جەمئىيىتىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلالامدۇق ـ يوق، دېگەننى ئويلىشىشىمىز كېرەك. ھىندىستاننىڭ نامرات ھەم تەرەققىياتىنىڭ بىزدىن ئاستىراق بولغانلىقى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئۇ ئىنتايىن چوڭقۇر مەدەنىيەت بايلىقىغا ئىگە، مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئېكسپورت قىلىدىغان چوڭ دۆلەت. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر، دىنلار، تىللار مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز ئىنتايىن چوڭ سىناق. ئىچكى قىسمىدىكى بايلىق، مەدەنىيەت ئىقتىدارى، مەنىۋى قىممەت قانچە كۆپ جۇغلانسا، شۇنچە ئاسان تەرەققىي قىلىمىز. ھەممە كىشىنىڭ تار مىللەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشىنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما، ئىلىم ساھەبلىرى تار مىللەتچىلىكتىن قۇتۇلالمىسا ھەقىقەتەن كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

كوڭ خەنسى 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ، مەدەنىيەتلەر دىئالوگى ۋە پۈش ئېتىكىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىزمەت ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىگە ئايلاندى. دوبورىندىكى بىر قېتىملىق مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى سۆھبىتىدە ئۇ كۆپىرەك سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ سۆزىدە مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىككى پرىنسىپنى چوقۇم تۇرغۇزۇش كېرەك دېدى، بۇ بايا دەپ ئۆتكەن سىنگاپورنىڭ ئىككى پرىنسىپى، بۇنىڭ بىرى، «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە»، بۇ ھەرگىز خرىستىئان دىنىدىكى «ئۆزۈڭگە راۋا بولغىنىنى ئۆزگىگە راۋادۇر» دېگەنلىك ئەمەس.

(داۋامى 77 ـ بەتتە)



http://www.ixueshu.com

维普资讯 http://www.cqvip.com



يىل نەشرى.
④ھاجى ياقۇپ يۈسۈفى : «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىللىق 1 - سان، 26 - بەت.
⑤ن. ئا. باسكاكوف رۇسچە يازغان، پەرھات جىلان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 2 - بەت؛ نەسرۇللا يولبولدى: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىللىق 1 - سان، 30 - بەت.
⑥مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم، 39 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.
⑦مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم، 4 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.
⑩مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم، 86 - ،99 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.
⑪ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» ، 80 - ،81 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 1 - سانى، 117 - بەت.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

---

(بېشى 68 - بەتتە)

«يىپچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە» دېگىنى ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئىپادىسى، بۇنى مەن مېنىڭ ئىنجىلىمنى ساڭا تاڭماسلىقىم كېرەك، دەپ چۈشەندىم. ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ كەينىدە مېھرىبانلىق پرىنسىپى بولىدۇ، يەنى «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونجۇڭغا»، باشقىلار ئازابلانسا، غەمخورلۇق قىل، تەرەققىياتىڭ باشقىلارنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق بولسۇن. بۇ ئىككى خىل پرىنسىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا كۆڭ خەنسى ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدىكى ئىككى توپ پرىنسىپ.

ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا مەدەنىيەتلىك جۇڭگودىكى ئاقىللاردىن چيەن مۇ ھايات ۋاقتىدا «تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە دۇنيا بويىچە مۇھىم بايلىقنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ قانداق قىلىپ ئىناق مۇناسىۋەتنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى جى شيەنلىن ئەپەندى، لى شېنجى ئەپەندى ۋە سەي شاڭسى ئەپەندىلەرنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشكەن. فېڭ يۇۋلەن ئەپەندى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇش پەلسەپىسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېيتقان (بۇ گەپنى ئەلۋەتتە ئۇدۇل دېمىگەن). بەلكى جاڭ زەيىنىڭ «ئۆچمەنلىك ئىناقلىق بىلەن يوقىلار» دېگەن قارىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. جاڭ زەيىنىڭ تۆت كەلىمە سۆزىگە كەلسەك، ئۇ: «ئالەم ئۈچۈن قەلب يارالدى. ياشاش ئۈچۈن جان يارالدى. كامىللىق ئۈچۈن ئۆگىنىش زۆرۈر. كۆللى جاھانغا تىنچلىق زۆرۈر» دېگەندىن ئىبارەت. جاڭ شىيىڭ ئەپەندى غەرب پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتا تۆھپىسى زور ئالىملارنىڭ بىرى، ئۇ «تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ پاسىلى» نى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىكى ئېستېتىكا جەھەتتە ھەر خىل ئەھۋاللارنىڭ بىرلىكى، ئېتىكا جەھەتتە بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ بىرلىكى، ئالەم نەزەرىيىسى جەھەتتە تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى قاتارلىقلار بىزنىڭ مول بايلىقىمىزدۇر. فېي شياۋتۇڭ ئەپەندى ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتتە «ھەر بىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكى بولىدۇ» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما، بىز «ھەر بىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكى بولىدۇ» نى «گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى» گە، «گۈزەللەرنىڭ ئورتاق گۈزەللىكى» نى «ئالەمدىكى ئورتاقلىق» قا تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مانا بۇ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى.

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئادالەت ئىمىنجان ئوزغار
**تەرجىمە تەھرىرى:** رەشىدە مامۇت



http://www.ixueshu.com




免费论文查重：http://www.paperyy.com
3亿免费文献下载：http://www.ixueshu.com
超值论文自动降重：http://www.paperyy.com/reduce_repetition
PPT免费模版下载：http://ppt.ixueshu.com

---

## 阅读此文的还阅读了：

1. 世界文明对话
2. 全球化与多元化中的文明对话
3. 经济全球化视野中的文明对话——兼论亚欧合作的文化基础
4. 文明对话与文化比较
5. 文明对话与文化比较
6. 文明对话与文化比较
7. 文明的融合:全球化视角下的东西方文明对话
8. 经济全球化中的文明对话
9. 全球化、民主与现代政治文明间的“对话”
10. 文明对话与文化比较
11. 在新全球化语境中引领文明对话和思想撞击
12. 论对话的法律全球化
13. 全球化与文明对话
14. 文明对话与文化比较
15. 文明对话的语境:全球化与多样性
16. 文明对话与文化比较
17. 文明对话与文化比较
18. 全球化与文明对话
19. 寻求经济全球化时代文明对话的低限度价值标准
20. 文化全球化背景下的“东学西渐”——寻求与西方文明的平等对话
21. 全球化语境中的文明冲突与文明对话
22. 世界文明与对话——历史学必须全球化吗?
23. 让文明与灵魂对话
24. 石头上的文明对话
25. 融会三大哲学资源,创建当代中国哲学——全球化语境中的文明冲突与哲学对话:中哲、西哲、马哲专家论坛综述

26. 全球化条件下的文明对话——杜维明教授访谈录

27. 文明对话与文化比较

28. 文明对话与文化比较

29. 全球化世界中文化—文明对话的价值

30. 学科对话、视域融合与当代中国哲学创新——“全球化语境中的文明冲突与哲学对话”学术研讨会综述

31. 文明对话与文化比较

32. 文明对话与文化比较

33. "文明对话"与"全球伦理":全球化进程中儒学的可能贡献

34. 全球化与文明对话——哈佛大学燕京学社社长杜维明访谈录

35. 文明对话与文化比较

36. 文明对话与文化比较

37. 文明对话与文化比较

38. 文明对话与文化比较

39. 全球化世界中文化—文明对话的价值

40. 文明对话与对话文明——21世纪佛耶相遇

41. 文明对话与文化比较

42. 石头上的文明对话

43. 全球化时代的文化自觉与文明对话

44. 全球化时代的文明对话

45. 全球化时代文明对话的必要性和可能性

46. 文明对话与文化比较

47. 文明对话与文化比较

48. 全球化进程中精神性资源的开掘:文明对话的源头活水——论杜维明和纳斯尔文明对话资源的阐发及其价值取向

49. 文明对话与文化比较

50. 全球化和文明对话